### يېڭىسار ناھىيەسى:

# يېزا - كەنت ساياھىتى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى يورۇتتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز
لىيۇ شياڭ

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېڭىسار ناھىيەسى جۇغراپىيەلىك ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، «يېزا - كەنت ساياھىتى شاھمىتى»نى ياخشى ئويناشقا ئەھمىيەت بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

يېزا - كەنت ساياھىتىنىڭ ھەربىر ئالاھىدىلىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى «يارقىن رەڭ»گە ئايلانغاندا، بۇ تۇپراقتا يوشۇرۇنغان ئاشۇ «ئالاھىدە» كۈچلەر شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۇرغۇپ چىقتى.



يېڭىسار ناھىيەسى ماڭشىن بازىرى چاقىرىقوي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇراخمان مەتىمىن ساياھەتچىگە ساپال ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمىنى تونۇشتۇرماقتا (4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تارتىلغان). □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

## يېزا - كەنت ساياھىتى ئارقىلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرىنى جانلاندۇرۇش

تاق - تۇق، تاق - تۇق... 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، سەھەردىكى مەيىن شامال ھۇزۇر بېغىشلايتتى، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ماڭشىن بازىرى قاراباش لەڭگەر كەنتىدىكى بىر ھۈنەرخانىدا توخسۇنجان بارات ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئوچاقنى چۆرىدەپ، بىرەيلەن سول قولىدا قىسقۇچ بىلەن قىسىپ، ئوڭ قولىدا بولقا بىلەن تېز - تېز سوقۇۋاتاتتى، بىرەيلەن قوش قوللاپ بازغان بىلەن زىلچە پولاتنى كۆچەپ بازغانلاۋاتاتتى، ئون مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا، پىچاقنىڭ دەسلەپكى شەكلى پۈتۈپ چىقتى.

توخسۇنجان چوڭقۇر نەپەس ئالدى، سەھەردىكى سالقىن ھاۋادا ئۇنىڭدىن يەنىلا تەر ئېقىپ تۇراتتى. «قولدا پىچاق ياساشنىڭ ئاچقۇچى پولاتنى سوقۇش، سۇغىرىش ۋە سىلىقلاشتا بولۇپ، كۆپرەك مەشىق قىلغاندا، كۆپ ئىزدەنگەندە، ئىشنىڭ ئېپىنى تاپقىلى بولىدۇ» دېدى توخسۇنجان پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتكەچ ئوغلىغا تاپىلاپ.

توخسۇنجان 3 - ئەۋلاد پىچاق ۋارىسى. ئىلگىرى ئۇ بۇ ئاتا كەسپىنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا «ئۈزۈلۈپ قېلىشى»دىن ئەنسىرىگەنىدى. «بۇ ھۈنەر ھەم ئادەمنى چارچىتىدۇ ھەم تەرلىتىدۇ، يىل بويى ئىشلەپ جاپاغا تۈشلۈق پۇل تاپقىلى بولمايدۇ، دەسلەپتە بالامنىڭ بۇ كەسپنى قىلىشنى قوللىمىغانىدىم» دېدى توخسۇنجان.

توخسۇنجان تۇرۇشلۇق كەنت دۆلەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولغان يېڭىسار پىچىقى بارلىققا كەلگەن جاي بولۇپ، «پىچاق كەنتى» دەپ ئاتالغان. ئىلگىرى، گەرچە پىچاق كەنتىنىڭ نامى كەڭ تارالغان بولسىمۇ، بىراق پىچاق قولدىن - قولغا ئۆتىدىغان بولغاچقا، پىچاقچى ئۇستامنىڭ قولىغا ھەقىقىي تېگىدىغان پۇل كۆپ ئەمەس ئىدى.

2016 - يىلى، يېڭىسار ناھىيەسى يېزا - كەنت ساياھىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پىچاق كەنتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىشنى تاماملىدى. يول ئەھۋالى ياخشىلاندى، كەنت قىياپىتى ياخشىلاندى، دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ كۈتۈۋېلىش ئىقتىدارى ئاشتى، كەنتكە ساياھەتكە كېلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، يېڭىسار پىچىقىنىڭ سېتىلىش مىقدارىمۇ بارغانسېرى ياخشى بولدى.

«يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، گەرچە بۇ يىل ساياھەتچىلەر ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئەھۋال چوقۇم ئۆزگىرىدۇ، تۇرمۇشىمىزنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن!» بۈگۈنكى كۈندە توخسۇنجاننىڭ ئايلىق كىرىمى 3000 يۈەندىن ئاشتى. ئاتا مىراس ھۈنەرگە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئۇ ئويىنى ئۆزگەرتىپ، پىچاق ياساش تېخنىكىسىنى بالىسىغا ئۆگەتتى. «كەنتتە پىچاقچىلىق كەسپى شەكىللەندى، 80%تىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسى پىچاق ياساش، پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھۈنەرگە تايىنىپ پۇل تېپىش بىز ھۈنەرۋەنلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ بەختلىك ئىش» دېدى توخسۇنجان.

ھازىر، يېڭىسار ناھىيەسى «مەدەنىيەت + ساياھەت» ئەندىزىسى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تايىنىپ ئېسىل ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىنى بەرپا قىلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى پىچاق، ساپال، ياغاچ ئويما قاتارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى مەھسۇلاتلىرى بىلەن ساياھەتنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئەنئەنىۋى ھۈنىرى بار تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنى «ساياھەت تامقى» يېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

## ساپال مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە راۋاجلاندۇرۇش

يېڭىسار پىچىقى بىلەن تەڭ نام چىقارغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى مەھسۇلاتلىرىدىن يەنە ساپالمۇ بار.

يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ماڭشىن بازىرى چاقىرىقوي كەنتى «ساپال كەنتى». تومۇز مەزگىلى، كەنتكە كىرسىڭىز، قاتار - قاتار يېڭى سېلىنغان ئەمىن ئۆيلەر كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ، ھەربىر ئۆينىڭ سىرتقى تېمى سېغىز لاي بىلەن ئوڭغۇل - دوڭغۇل سۇۋالغان، تاملارغا ياپېشىل پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر يامىشىپ ئۆسكەن بولۇپ، ئاددىي - ساددىلىق ئىچىدە ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچ نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

ساپال كەنتى ئۇزاق ساپال پىشۇرۇش تارىخىغا ئىگە بولۇپ، كەنت ئاھالىسى ئابدۇراخمان مەتىمىن دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ قېلىپلىق ساپال پىشۇرۇش ھۈنىرىنىڭ داڭلىق ۋارىسى.

ئابدۇراخماننىڭ «نامى» داڭلىق بولسىمۇ، ئەمما ياخشى ھۈنىرى تۇرۇپمۇ پۇل تاپالماسلىقتەك ئوڭايسىز ئەھۋالنى باشتىن كەچۈرگەن، 2014 - يىلى، ئۇنىڭ ئائىلىسى تېخى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى.

يېزا - كەنت ساياھىتىنىڭ باھار شامىلى چاقىرىقوي كەنتىگە يېتىپ كەلدى، ئابدۇراخماننىڭ ھۈنىرى ئاخىر كەڭ سەھنىنى كۈتۈۋالدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ياردەم بېرىشى - يۆلىشىدە، ساپال پىشۇرۇش ماھارىتىگە تايىنىپ، ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى 2018 - يىلى نامراتلىقتىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلدى.

بىر ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى پەقەت باشلىنىش نۇقتىسى، پۈتۈن كەنتنىڭ «نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىش» ھەقىقىي نىشان.

«بىز ساپال ياساش كۇرسى ئېچىپ، ئابدۇراخماننى تەربىيەچى بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە ساپال ياساش ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى كۇلالچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردۇق. ھازىر، 15 كەنت ئاھالىسى ساپال ياساشنى مۇستەقىل تاماملىيالايدىغان بولدى» دېدى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ چاقىرىقوي كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى يۈ ۋەنجى.

ساپال بىر نام كارتىسى، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئۇنىڭغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن، بۇ ئىشنى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىن ئىشلەش كېرەك. 2018 - يىلدىن باشلاپ، چاقىرىقوي كەنتى «كۇلالچى»نى سۈپەتلىك ماركا قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن نان يېقىش ھەمكارلىق كوپىراتىپى، ياغ تارتىش ھەمكارلىق كوپىراتىپى، پىچاق ھەمكارلىق كوپىراتىپى، تاشتۆگمەن ئۇنى ھەمكارلىق كوپىراتىپى، پىچىنە - پىرەنىك ھەمكارلىق كوپىراتىپى قاتارلىق سەككىز ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇپ، 237 ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۇلالچى ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، ئۇزاق مەزگىل ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە تىجارەت قىلغان قەيسەر ئەركىننى مەسئۇل قىلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش، تەربىيەلەپ تېخنىكا ئۆگىتىش، بازار ئېچىشنى بىرلىككە كەلتۈردى.

«بۇ يىل مېنىڭ نىشانىم سېتىش سوممىسىنى 2 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش. ئىپادىسى ئەڭ ياخشى بولغان بىر تۈركۈم خىزمەتچىنىڭ كېلەر يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەخسىي بىۋاسىتە سېتىش دۇكىنى ئېچىشىنى قوللايمەن. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلىنىشتىن باشقىلارنى بىرلىكتە بېيىشقا يېتەكلەشكىچە، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېدى قەيسەر.

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، كۇلالچىلار ساياھەت كەسپى باغچىسىنىڭ تۈر مەبلىغى بېكىتىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلاندى، چاقىرىقوي كەنتىدىكىلەرنىڭ غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى. «بىز ئىلغار توك خۇمدان، خام ساپال تارتىش ماشىنىسى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزدۇق، ساپال مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، تېخىمۇ كۆپ كەسپكارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىمىز.» يۈ ۋەنجى مۇنداق دېدى: بىز ساپال سۈپەتلىك ماركىسىنى داۋاملىق ئەلالاشتۇرۇپ، ھەر تۈرلۈك كەسىپلەرنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن كەنتنىڭ نامراتلىقتىن يۇقىرى سۈپەتلىك قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

## مەززىلىك تائاملار ئارقىلىق نۇرغۇن ساياھەتچىنى تۇتۇپ قېلىش

باھار شامىلىدا يەلپۈنەر ئۆرۈك چېچىكى، قىزىللىق قاپلىدى پۈتۈن كەنتنى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆتكۈزۈلگەن يېڭىسار ئۆرۈك چېچىكى بايرىمى ناھىيە ساياھىتىدىكى ئالتۇن خەتلىك پىلاكاتقا ئايلاندى. بۇلتۇر ئەتىيازدا، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسى چولپان يېزىسى قازاقلا ئېرىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ئەركىن باۋۇدۇن كەنت بېشىدا تۇرۇپ، بەس - بەستە ئېچىلغان ئۆرۈك چېچەكلىرىگە قاراپ، كەنتنىڭ ھازىر بار بولغان بايلىقىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، يېڭى تەرەققىيات يۆنىلىشى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى قارار قىلدى.

«كەنت ناھىيەگە كىرىش - چىقىشتىكى مۇھىم قاتناش يولىغا يېقىن بولۇپ، ئۆز ئەۋزەللىكىمىزدىن ياخشى پايدىلانساق، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ» دېدى ئەركىن.

ساياھەتچىلەرنى تۇتۇپ قالماقچى بولساق، جەزمەن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قورسىقىنى ئويلىشىشىمىز كېرەك. يېزا - كەنت خاس ئۇششاق يېمەكلىك مەززىلىك تائاملار كوچىسىنىڭ قۇرۇلۇشى مانا مۇشۇنداق قايناق - تاشقىنلىق ئىچىدە قوزغىتىلدى. تۈر داۋاملىشىش بىلەن بىللە، ئەركىن كەنتتىكى «ئاشپەز ئۇستىلار»نى ئىزدەپ، ئۇلارنى يېقىن ئەتراپتا ئىگىلىك تىكلەشكە جەلپ قىلدى.

كەنت ئاھالىسى ئىمىرنىسا سالى لەغمەننى ياخشى ئېتەتتى، كەنتنىڭ قوللىشىدا، ئۇ مەززىلىك تائاملار كوچىسىدىن بىر دۇكان ئالدى ھەم ئىككى نامرات ئاھالىنى ياردەمگە ياللىدى. «ئۇششاق يېمەكلىكلەر سودىسى قىلسام تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ھۈنىرىمنىڭ تەمىنى تېتىتىپلا قالماي، يەنە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار يۇرتداشلىرىمغا ياردەم بېرەلەيمەن، كۆڭلۈمدىكى مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن» دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

لەغمەن، داپەنجى، تونۇر كاۋىپى... ھازىر، قازاقلا ئېرىق كەنتىدىكى مەززىلىك تائاملار كوچىسىدا خۇش ھىدلار ھەممە يەرگە تارىدى. «جاي - جايلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بۇ يەردە ئارام ئېلىپ، دېھقانلارنىڭ مەززىلىك تائاملىرىغا ئېغىز تېگىدۇ، گۈزەللىكنى تىلغا ئالمايلا قوياي!» دېدى ئەركىن.

مەززىلىك تائاملار كوچىسىدىكى دۇكانلارنىڭ تىجارىتىنىڭ تەدرىجىي ئىزىغا چۈشۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇزاق مەزگىللىك بىر پىلانمۇ ئەركىننىڭ كاللىسىدا تەدرىجىي پەيدا بولدى. «كەنتتە مېۋىلىك دەرەخ بار، مەززىلىك تائاملار بار، يەپ - ئىچسە، سەيلە - ساياھەت قىلسا، مېۋە ئۈزسە بولىدۇ، دېھقانلار ئارامگاھلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش چوقۇم ئاقىدۇ!» دېدى ئەركىن تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

يېزا - كەنت ساياھىتىگە تايىنىپ، يېڭىسار ناھىيەسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە تولۇپ، چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

خوتەن شەھىرىنىڭ ناۋاغ كوچىسى دائىرىسىدىكى 26 گېكتار كېلىدىغان رايون مەركەزدىن تارقىلىدىغان، يول - كوچىلار بىلەن ئورالغان بولغاچقا «تۈەنچېڭ» دەپ ئاتالغان، بۇ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تىپىك ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ - ئادەت كوچا ئەندىزىسىدۇر. ئىلگىرى بۇ يەردىكى ئۆيلەر پاكار، كونا بولۇپ، بۇ جايدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەر كەپتەر، گۈل، قۇش، قۇرت - قوڭغۇز، بېلىق قاتارلىقلارنى ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن كەپتەر كوچىسى دەپ ئاتالغانىدى.

«بىر ئائىلە كىشىلىرى پاكارغىنە ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتۇق، ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئاچساق ئۇدۇلدىكى قوشنامنىڭ ھويلا تېمىغا تاقىشىپ قالاتتى، ئۈچ چاقلىق ھارۋىنىڭ كىرىپ - چىقىشىمۇ قىيىن ئىدى. شامال چىقسىلا سولىياۋ خالتا، دەرەخ يوپۇرماقلىرى جاھاننى بىر ئالاتتى» دېدى ئابدۇروزى تۈەنچېڭنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇنقى مەنزىرىنى ئەسلەپ.

تۈەنچېڭ 2016 - يىلدىن باشلاپ ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، تۈرگە 317 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 3500 ئائىلىلىك ئاھالىگە چېتىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تۈەنچېڭدا پاكار، كونا بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر يوقۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سۇ تۇرۇبىسى، ئەۋرىز تۇرۇبىسى بار، ئازادە، يورۇق ئىككى قەۋەتلىك «ئايۋان»لىق خاس تۇرالغۇلار سېلىندى.

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىدىكى ئالاقىدار خىزمەتچى خادىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، كوناشەھەرنى ئۆزگەرتىشتە ئەسلىدىكى «ئايۋان» قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ساقلاپ قېلىنغان. «ئايۋان»لىق تۇرالغۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇھىت كىلىماتىغا ماس كېلىدىغان قۇرۇلۇش ئەندىزىسى بولۇپ، يېپىق ئىمارەت قورۇسى بىلەن بوشلۇق لايىھەسىنىڭ قۇم - بوراندىن مۇداپىئەلىنىش رولى بولۇپلا قالماي، يەنە شۇ جاينىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى نامايان قىلىنغان.

كوناشەھەرنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى، يۇرت سېغىنىشنى ساقلاپ قالدى، شۇنداقلا شۇ جاينىڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا جانلىنىش ئېلىپ كەلدى. ساياھەتچىلەر بۇ يەردە ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق يۇغۇرۇلغان پۇراقنى ھېس قىلالايدۇ. تۈەنچېڭنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتى ساقلىنىپلا قالماي، يەنە زامانىۋى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بىلەن باشقۇرۇش شەكلى يۇغۇرۇلۇپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت كوچىسى نۇقتىلىق بەرپا قىلىنىپ، كوناشەھەر رايونىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇتۇلدى.

ئابدۇجېلىل مەتسېيىت تۈەنچېڭدىكى كونا ئاھالە بولۇپ، كۆپ يىل ئىلگىرى ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ تىجارەت قىلغانىدى، ياشىنىپ قېلىپ تۈەنچېڭگە قايتىپ كەلگەندە، تۈەنچېڭنىڭ 2 - قارارلىق ئۆزگەرتىلىشىگە ئۇلگۈردى، ئۇ 3 مىليون يۈەن چىقىرىپ ئۆيىنى پۇقراۋى قونالغۇ قىلىپ ئۆزگەرتتى. «ھازىر ساياھەتچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، مەن قونالغۇ بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، يەنە كەپتەر شورپىسى قاتارلىق خاس مەززىلىك يېمەكلىكلەر بىلەنمۇ تەمىنلەيمەن» دېدى ئابدۇجېلىل خۇشال ھالدا. ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئەتراپقا نەزەر سالدۇق، پۇقراۋى قونالغۇنىڭ ئىچىدىكى بېزەلگەن كارىدور تۈۋرۈكلىرىنىڭ ھەممىسى قولدا نەقىشلەنگەن ئىكەن، ئۆيدىكى ئۈستەل - ئورۇندۇقلارمۇ ئەسلىدىكى ئۇسلۇبتا، زالغا ئېسىلغان ئاسما چىراغ بولسا ياۋروپا ئۇسلۇبىدا ئىكەن، ئۆيگە سىمسىز تورغا چىقىش، يان تېلېفونغا توك قاچىلاش قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر سەپلەنگەن بولۇپ، قەدىمىلىك بىلەن زامانىۋىلىق تەبىئىي يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپتۇ.

ھازىر، دۆلەت 3A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بولغان تۈەنچېڭ ساياھەتچىلەر چوقۇم بارىدىغان جايغا ئايلاندى، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان 17 مىڭ 961 ئادەم قېتىم ساياھەتچىنى كۈتۈۋېلىپ، ساياھەت كىرىمىنى 2 مىليون 622 مىڭ 730 يۈەنگە يەتكۈزدى.

خاس يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى قىلىش، ئازادە ئارام ئېلىش رايونى بەرپا قىلىش، توردا ئالقىشلانغان مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى كىرگۈزۈش، تازىلىق ئۆيى قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش... بىر قاتار پۇختا، كونكرېت تەدبىرلەر ئارقىلىق تۈەنچېڭ تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. 2019 - يىلى سەككىز خاس پۇقراۋى قونالغۇ قۇرۇش ئاساسىدا، بۇ يىل تۈەنچېڭ يەنە داۋاملىق 14 خاس پۇقراۋى قونالغۇ قۇرۇپ چىقىدۇ.

تۈەنچېڭ داڭلىق تارىخىي مەدەنىيەت شەھەرلىرىنى قوغداش يىرىك پىلانى بويىچە رايون بوشلۇق ئەندىزىسى، ئەنئەنىۋى كوچا ۋە ئۆزىگە خاس قىياپىتىنى قوغداپ، كوناشەھەرنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماي، يەنە ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پېيى بازارغا سېلىنىدىغان كارخانىلارنى ساھەگە ئايرىپ، كەسىپكە ئايرىپ، بۆلەككە ئايرىپ دەل جايىدا يېتىشتۈرۈپ، مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش بويىچە كېڭەش سۇپىسى قۇرۇپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، پاي ھوقۇقى ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى تەرتىپلىك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قەرزنى ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى سىجىل كېڭەيتىپ، پېيى بازارغا سېلىنمىغان پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ پېيىنى تىزىملاپ ھاۋالىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك.

تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان پايىنى بازارغا سېلىشنى ماسلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە، «يولغا قويۇش پىكرى»دە مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار مۇكاپات، تولۇقلىما مەبلىغى ئاجرىتىش، يەر ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، تەكشۈرۈش - ئۆلچەشتە ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويۇش، كارخانىلارنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، بىلىم - مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، دۆلەت مۈلكى ئوبوروتىنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە پېيى بازارغا سېلىنىدىغان كارخانىلارغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىشى كېرەك.

پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت، يېڭى ئۈچ بۆلەكتە ۋە ۋەنۇسكا ئاسقان شىركەتلەرگە قارىتا، «يولغا قويۇش پىكرى»دە بايلىقنى بىرىكتۈرۈش، شىركەت ئىدارە قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش، شىركەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرىنىڭ سىجىل، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتى ھەقىقىي قوغدالدى.

«يولغا قويۇش پىكرى»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە پايىنى بازارغا سېلىشنى ئالغا سىلجىتىش رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى قۇرۇشى، تاكامۇللاشتۇرۇشى كېرەك. شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش، ئەنگە ئېلىش، تىزىملاش ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشكەن، پېيى بازارغا سېلىنىدىغان كارخانىلارغا قارىتا، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر بىر رەھبىرىي كادىرنى ئۇلارغا «بىرگەبىر» ئالاقىلىشىپ ياردەم بېرىش - يۆلەشكە ئەۋەتىپ، سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىدىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى راۋانلاشتۇرۇشى كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)